# ئاللاھ ساقلىغان ئىنسانغا ھېچقانداق

# كۈچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ

[ئۇيغۇرچە]

من حفظ حدود الله حفظه في الدنيا والآخرة

[باللغة الأويغورية]


خاتىب: شەيخ سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئال- تالىب

الخطيب: الشيخ صالح بن محمد آل طالب

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

المترجم: سراج الدين عزيزي

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

**1429 – 2008**



islamhouse.com

# ئاللاھ ساقلىغان ئىنسانغا ھېچقانداق كۈچ

# زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ

**مەككە مۇكەررەمە ھەرەم مەسچىتىنىڭ 1429/6/23ھـ 2008ـيىلى 6ـ ئاينىڭ 27ـكۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى**

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا:

" ئاللاھ ساقلىغان ئىنسانغا ھېچقانداق كۈچ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ " دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللادىن قورقۇڭلا! ئاشكاراـ مەخپى ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـسائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھىمايە قىلغان كىشى خېيىم ـخەتەرگە ئۇچرىمايدۇ. ئاللاھ ھەر بىر كىشىنى ھىمايىسىگە ئالىدىكەن داۋاملىق ئاللاھنىڭ كۆزىتىشىدە بولىدۇ، شۇنداقلا قەلبى خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىقتا چۆمىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ئىنايىتى ۋە مەرھەمىتىدۇر. سىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ، بارلىق ئىشلىرىڭىزدا ئاللاھ تەرەپكە قايتسىڭىز ئاللاھ سىزنى بارلىق خەتەرلەردىن ساقلايدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنىڭ خوجىسى ھېسابلىنىدىغان ئايەتۇلكۇرسى قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەتتۇر. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلاتۇ ۋەسسالامغا كېچىدە

نازىل بولغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋەھىي كاتىپلىرىدىن بولغان زەيد ئىبنى سابىتنى چاقىرىپ يازدۇرغان. ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن نەقلى دەلىللەر ئىنتايىن كۆپتۇر. ئايەتۇلكۇرسىنى ئەتتىگەن ئاخشاملاردا ئوقۇش، ئۇيقۇدىن بورۇن ئوقۇش، ھەر نامازدىن كېيىن ئوقۇش سۈننەت. بۇ ئايەت، تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت ۋە تەۋھىدى رۇبۇبىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرەپلىك ئايەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىسمى سۈپەتلىرى ئاشكارا، يوشۇرۇن بولۇپ 18 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

مۇسۇلمان ھاياتىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەگىشىپ، تەدبىرلىك،ھېكمەتلىك بولسا، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چەتنەپ كەتمىسە، ئاللاھ ئۇكىشىنى ھەرقانداق خېيىم-خەتەردىن ساقلايدۇ. بەزى مۇھەققىق ئالىملارنىڭ دېيىشىچە: «ئەلھەييۇلقەييۇم» ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەزەملىرىدىن بىرى. ئاللاھنى قانداق بەندە قاچان چاقىرسا ئىجابەت قىلىدۇ. نېمىنى سورىسا بىرىدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھغا خاستۇر. ھاكىمىيەتتە، ئىبادەتتە ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ كىمگە خالىسا بېرىدۇ، كىمدىن خالىسا توسۇپ قويىدۇ. بارلىق كائىنات ئاللاھنىڭ ھۆكمى ئاستىدا. بارلىق مەخلۇقلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا خاردۇر. ئاسمان -زېمىن ئاللاھنىڭ باشقۇرىشىدا. ئىنسان،جىن، ئۇچارقۇش، ھايۋان، جانلىق،جانسىز مەخلۇقلار ھەممىسى يىگانە ئاللاھنىڭ بىۋاستە باشقۇرىشىدا بولىدۇ.

ئەگەر ئىنسان بۇ ھەقىقەتنى بىلسە، ئىنساننىڭ قولىدىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ ۋە شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئاللاھنىڭ ئورۇنباسارى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ھېچقاچان قارشى چىقمايدۇ. شۇ ھەقىقەتنى بىلىش كېرەككى ئىنسان ھېچقانداق ئىشىدا ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

ئىنسان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئىنساننىڭ قولىدىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانغا ۋاقىتلىق ئارىيەت بېرىلگەن نەرسىدۇر. ئىنسان ئۆلۈش بىلەن قولىدىكى ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ ھەقىقەتلەر ئىنساننى ھەددىدىن زىيادە ھېرىسمەنلىك، تەمەخورلۇق، بېخىللىق، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

دۇنيادىكى ئاللاھقا ئەڭ يېقىن پەيغەمبەر، كۈچلۈك پادىشاھلارمۇ ئاللاھنىڭ ئاجىز بەندىسىدۇر. بەندىلىك ماقامى ھېچقاچان ئىلاھلىق ماقامىغا ياندىشالمايدۇ. ئەۋلىيا،ئەنبىيالارنىڭ ئاللاھقا بولغان يېقىنلىقى قانچە چۇڭقۇر بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە رازىلىقىسىز شاپائەت قىلىش ھەققىمۇ بولمايدۇ. شاپائەتنىڭ ئەسلى، ئورنى بار، سابىت بىر ئىش بولسىمۇ، يەنىلا مۆمىن، مۇۋەھھىد بەندىلەرلا شاپائاەتكە لايىق بولالايدۇ. كافىر، مۇشرىكلارنىڭ شاپائەتتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ.

ئاللاھ كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ سىرلىرىنى، ئۇنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىنى بىلگۈچىدۇر . ئۇئىنسانلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىدۇ. ئاشكارا،مەخپى ھاللىرىدىن خەۋەردار. ئۆتمۈشى، كەلگۈسىمۇ ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن تاشقىرى ئەمەس. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە يوشۇرغانلىرى، ئويلىغانلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرىشتىن بۇرۇن بىلگۈچىدۇر. چۆل-سەھرا، دېڭىز ئوكيانلاردىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

دەرەختىن يەرگە چۈشكەن  بىر ياپراقمۇ ئاللاھنىڭ بىلىم دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. يۇقۇرقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنساندا ھەقىقىي تەقۋالىقنى قوزغايدۇ. ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا ئاللاھتىن قورقۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.چۈنكى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن ھېچنەرسە يوشۇرۇن قالمايدۇ. ئاللاھنىڭ جازا،مۇكاپاتىدىن ھېچبىر شەخس قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ.

ئەپسۇسكى ئىنسانلارنىڭ كۆپلىرى ئاللاھنىڭ بۇنداق چەكسىز قۇدرىتىنى ئاڭقىرالمايۋاتىدۇ. ئىنسانلارئىچىدە ھېچقانداق كىشى ئاللاھ بىلدۈرگەن نەرسىدىن سىرت ھېچنەرسىنى بىلىشكە قادىر ئەمەس. ئىنسانىيەت ھازىرقى تەرەققىياتتا بىلىم سەۋىيىسى يۇكسىلىپ ئايغا چىققان،زامانىۋى تېخنىكىلاردا ئىنساننى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە زامانىۋىلاشقان بىر سەۋىيىگە يەتكەن بولسىمۇ يەنىلا ئاللاھ بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلىشكە قۇدرىتى يەتمەيدۇ. بىلگەن، كەشپىيات قىلغان نەرسىلىرىمۇ پەقەتلا ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بىلىشىنى ئىراده قىلغان بىلىم ۋە تەرەققىياتتىن ھالقىمايدۇ.